شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گازەتى 新疆日报

2019 - يىل 10 - ئاي
3
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月3日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24837 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

لى كېچياڭ رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 70 يىلنى ئەسلىگىنىمىزدە، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتى ئاجايىپ تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى چوڭ دۆلەتلەر،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىزچىل ئالغا سىلجىتىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىققان 19 - سان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى «پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىزچىل ئالغا سىلجىتىش كېرەك» ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ياخشى قىلىشتا، پارتىيەمىز جەزمەن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىپ، پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ روشەن خىسلىتى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا، نەدىمۇ سوتسىيالىستىك جۇڭگو بولسۇن؟ نەدىمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولسۇن؟ نەدىمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى بولسۇن؟ ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش. يېڭى دەۋردە، پارتىيەمىز جەزمەن پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشى ئارقىلىق پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كۈتۈرەڭگۈ روھلۇق بولغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. بۇ ھەم پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ھەم پارتىيەمىزنى ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار يولى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

بارلىق ئىلگىرىلەشلەردە، بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ؛ قانچە يىراققا ماڭسىمۇ، قانچە شانلىق كەلگۈسىگە يېتىپ بارسىمۇ، بېسىپ ئۆتكەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، نېمە ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

70 يىل ئىلگىرىكى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يولداش ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىغانىدى، جۇڭگو خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇردى. «بۇ بىر ئۇلۇغ ۋەقە، يېقىنقى زاماندىن كېيىنكى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جۇڭگونىڭ نامرات، ئاجىز، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار يولىغا قەدەم قويدى.» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، يېڭى جۇڭگو 70يىلدا ياراتقان دۇنياۋى مۆجىزىلەرنى چوڭقۇر شەرھلىدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە مەردانە نەزەر سالدى، يۈز مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنى چەكسىز ئىپتىخارلىق، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە رىغبەتلەندۈردى.

«خوراز چىللاپ يورۇپ ئالەم ئاتتى تاك». جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن يۈز مىليونلىغان جۇڭگو خەلقى دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ، چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن دۆلەتنى بېيىتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇساپىنى باشلىدى. پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى تاماملاپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇش

—— ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر ھەم بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار، يېزا - بازارلار، كوچا باشقارمىلىرى ۋە كەنت (مەھەللە)لەر 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

□ **مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇۋ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى يافېڭ**

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تۆت يۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىسى ھەم تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر(پورت)لەر، 86 تارماق(ئورۇن)تىكى 1649 ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىر، 5430دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى، 130 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى تولۇق قاتناشتى، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئۇنۇملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

■ ئۆگىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر، ئورۇنلار «ئۆگىنىش»نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش

تيەنشان ئوغۇل - قىزلىرى ۋەتىنىمىز ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ شانلىق، پارلاق بولۇشىغا ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. «جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قولىدا يارىتىلماقتا، جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەردانە سۆزلىرى كۆپچىلىكنىڭ كۈچلۈك ئورتاق تونۇشىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يەنە شەرەپ قۇچۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتىمىز.

■ پەخىرلىنىش ۋەتەننىڭ شۆھرىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش

جۇڭخۇا مىللىتى 70 يىللىق جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار يولىغا قەدەم قويدى، بۇ ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەت كىشىنى قانداقمۇ پەخىرلەندۇرمەي تۇرالسۇن.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلىغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭنىڭ كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھاياجانلاندى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شادلىق ناخشىسى ياڭرىتىلىپ دۆلەت بايرىمى تەبرىكلەندى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلۈپ ۋەتەنگە مەدھىيە ئوقۇلدى

شادلىق ناخشىسى، كۈلكە سادالىرى بىلەن دۆلەت بايرىمى خۇشال - خۇرام تەبرىكلەندى، گۈللىنىش دەۋرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلۈپ، ۋەتەنگە مەدھىيە ئوقۇلدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما كۆپ خىل شەكىللەردە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

■ شادلىق ناخشىسى كۈلكە ساداسى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگراسىدىكى بىرىنچى كەنت» دېگەن نامى بار ئالتاي ۋىلايىتى چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ چاغانغول يېزىسى سار بۇلاق كەنتىدە بىر مەيدان ئۆزگىچە يېزا - كەنت ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى، 300 ئامما تاغلارنى ئارقا كۆرۈنۈش، يايلاقنى سەھنە قىلىپ، ناخشا - ئۇسسۇللىرى بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

يۇرتىغا قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نۇرباقت قۇۋاندىك مۇنداق دېدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئائىلىمىزدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىنى باياشات، مۇقىم بولغان بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، ھازىر ئائىلىمىزدىكى قوتان كالا، قويغا لىق تولدى، مەن يەنە پىكاپ سېتىۋالدىم، بۈگۈن بىز ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىز بىلەن ۋەتەنگە بەخت تىلەپ، پارتىيەگە بەخت تىلەپ، قەلبىمىزدىكى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەيمىز».

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

كۆيشەن پائالىيىتىدە دۆلەت بايرىمى تەبرىكلەندى

▲ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ھەر مىللەت ئامما ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خۇڭشەن باغچىسىدا «مەن سېنى سۆيىمەن جۇڭگو» كۆيشەن پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

□مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلار ۋەتەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى

► 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ چارلۇڭ يېزىسى مازار ئورۇ كەنتىدىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كۇنلۇن جىيايۈەن، يەنى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلگەن چارۋىچى گۈلزار قۇربان(ئوڭدىن 1 - كىشى) ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ۋەتەنگە بەخت تىلىدى.

□مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

1949 - 2019
70